# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 8 ـ ئاي
11
يەكشەنبە
维吾尔文 8月11日

新疆日报 ئۇيغۇرچە 新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24784 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# ئەڭ گۈزەل كەچكى شەپەق ئۈچۈن

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭ غەم يېگەن خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرى «ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش» قىسمى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

【مۇقەددىمە】

كەچكى شەپەقنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق.

ئىللىق مۇھىت، خاتىرجەم تۇرمۇش كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ئىنچىكە ئىشلەپ، مىليونلىغان ياشانغان كىشىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، يۆلەنچۈكى بولۇش، ياشانغاندا خۇشاللىق بولۇش، ياشانغاندا ماكانى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئېھتىياجلىق.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۈتۈنۈش كاپالىتى ۋە ياشانغانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، بىر قاتار ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەپ ئارزۇغا ئىنتىلىش ـــ باش شۇجىنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن

شىنجاڭدىكى قۇربان تاغىنىڭ ئەۋلادلىرى:

# «ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش پارتىيەگە بولغان ئەڭ ياخشى مىننەتدارلىق»

**بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىدۇ. قۇربان تۇلۇم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، مەن كىچىك ۋاقتىمدىلا ئۇنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېكايىسىنى ئاڭلىغان، كىشىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، سىز دادىڭىزنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەۋلادلار ۋە يۇرتداشلارغا ئۈلگە تىكلەپ بەردىڭىز. ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ داۋاملىق قۇربان تاغىغا ئوخشاش يۇرتداشلار بىلەن بىللە، پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.**

**ـــ شى جىنپىڭ**

□ خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى جاڭ ۋېي، چيەن يىبىن

7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى شىنجاڭ كېرىيە ناھىيەسىدە، توختىخان قۇرباننىڭ ھويلىسى ياپيېشىل ئىدى، ئۈزۈم تېلى باراڭنى بويلاپ گىرەلىشىپ ئۆسكەنىدى. ھەر يىلى يازدا، ئائىلىسىدىكىلەر، قوشنىلار دائىم بۇ يەرگە يىغىلىپ مومايدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئاڭلايتتى.

توختىخان قۇربان موماي بۇ يىل 90 ياشتا، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شەنبەبازار بازىرى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، يىراق ـ يېقىنغا نامى تارالغان داڭلىق شەخس. «ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ»، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن قۇربان تاغا مومايىنىڭ دادىسى؛

2017 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مومايغا جاۋاب خەت يېزىپ، موماي ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى داۋاملىق قۇربان تاغىغا ئوخشاش يۇرتداشلار بىلەن بىللە، پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەنىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ قۇربان تاغىنى قوبۇل قىلغان سۈرىتى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتى «ئەڭگۈشتەر»گە ئايلىنىپ، مومايىنىڭ مېھمانخانا ئۆيىدىكى ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغان ئورۇنغا ئېسىپ قويۇلدى. موماي مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «قىزىل ئائىلە ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چېچىش بىزنىڭ باش شۇجىغا بولغان ئەڭ ياخشى مىننەتدارلىقىمىز».

■ «پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى تىيانشاندىكى قار لەيلىسىگە ئوخشايدۇ ـــ كۆرگىلى بولىدۇ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ»

باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىش توختىخان قۇربان مومايىنىڭ ئىنچىل ئارزۇسى ئىدى.

«دادام كىچىكىمىزدىن بىزگە پارتىيەنىڭ بىز دېھقانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرگەنلىكىنى، بىزنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەكرار، دەپ تەربىيە بېرەتتى.» 100 نەچچە نوپۇسلۇق چوڭ ئائىلىنىڭ ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقىغا قاراپ، توختىخان قۇرباندا بېيجىڭغا بېرىپ تىيەنئەنمېننى كۆرۈش ئويى پەيدا بولدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى دائىم پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرايلى

□ ئەي ۋۇ

بىر ئائىلە كىشىلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەلپۈنۈپ، پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش داۋامىدا ياخشى ئائىلە ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلدى؛ ھەر مىللەت ئاممىغا ھەققىي ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزۈپ، «تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چاچتى»؛ يەنە «قۇربان تۇلۇم ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئائىلە ئاممىۋى مەنپەئەت فوندى»نى باشلامچىلىق بىلەن قۇرۇپ، جەمئىي 3600دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئامما ۋە ياش ـ ئۆسمۈر، بالىلارغا ياردەم بەردى... نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، قۇربان تاغا بىر ئائىلە كىشىلىرى «پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈشتىكى نەمۇنىچىلاردىن بولۇش»تا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش داستانلىرىنى پۈتتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
تەرەققىيات مۆجىزىلىرى توغرىسىدا زىيارەت

ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان 52% يەر يېشىللىق ۋە ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلدى

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىدا ئولتۇراقلىشىشقا ماس كېلىش كۆزدە تۇتۇلدى

مۇخبىرىمىز چاۋ جىن، پىراكتىكانت جاڭ شياۋخەن خەۋەر قىلىدۇ: ياپيېشىل چىملىق قۇياش نۇرىنىڭ يورۇتۇشى بىلەن ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى، بىر تاش پەلەمپەي ئەگرى ـ بۈگرى يۇقىرىغا سوزۇلغانىدى، قۇشلار ئورمانلىقتا سايرىشاتتى، تىنچ كۆل يۈزى خۇددى ئەينەككە ئوخشاش ئاسماننىڭ رەڭگىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى، ياغاچ ئاسما يول، مەنزىرە كۆرۈش سۇپىسى... 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مۇخبىرلار ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تىيانشان رايونى 17 تۈتۈن سۇلۇق يەر باغچىسىغا كىرىپ، بۇ يەرگە ئىلگىرى پاكار، كونا، ئاددىي ئۆزى سېلىۋالغان ئۆيلەر تارقالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى.

17 تۈتۈن سۇلۇق يەر باغچىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمى. قۇرۇلۇشتا 29 نۇقتىلىق تەۋەلىك رايون، 267 پارچە يەر ئۆزگەرتىلىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، 30 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان يەرنىڭ 52%ى يېشىللىقنى تولۇقلاش ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلدى.

مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا «ئۈرۈمچىنى زامانىۋى خەلقئارا شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ نىشانى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «دەرەخنى تاغقا تىكىش، سۇنى شەھەرگە باشلاش، كۆمۈرنى گازغا ئۆزگەرتىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى

پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئاچتى

## ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تۈزىتىپ ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز يۈەن لېي خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى چۆرىدىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى

پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئاچتى

## پارتىيە نىزامنامىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ئۈلگىلەردىن بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئېچىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى

پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئاچتى

## پارتىيە ئېڭى، پارتىيە ئەزالىق ئېڭى، ئىنتىزام ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئېچىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# مەخسۇس تۈزەش باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم تۈتقىسى قىلىندى

## ـــ ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق مەخسۇس تۈزەشتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

□ مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ

مەسىلە ھەل بولمىغىچە بوشاشماسلىق، ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل بولمىغىچە قويۇۋەتمەسلىك، ئامما ئېتىراپ قىلمىغىچە بولدى قىلماسلىق. «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى 1 ـ تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش ياخشى ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم تۈتقىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەز ئايدىڭلاشتۇرغان سەككىز جەھەتتىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئايدىڭلاشتۇرغان ئىككى جەھەتتىكى مەخسۇس تۈزەشنى چىڭ كۆزلەپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ دەل جايىدا كۈچەپ، كونكرېت مەسىلىلەردىن باشلاپ تۇتۇپ، ئامما ئەڭ نارازى بولۇۋاتقان جايلاردىن باشلاپ ئۆزگەرتىپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى «ھەققىي، ئەمەلىي» ھەل قىلىپ، مەخسۇس تۈزەشنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

■ تېز باشلاندى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باش تېما تەربىيەسى باشلىنىشى بىلەنلا، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# دوستلۇقنى بايان قىلىش ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەش پارتىيەدىن مىننەتدار بولۇش

## ـــ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قۇربان ھېيتنى كۈتۈۋالغانلىقىدىن كۆرۈنۈشلەر

پەتنۇستىكى ساڭزا ساپسېرىق، چۈرۈك ئىدى، يېپيېڭى داستىخانغا بېسىلغان ئانارگۈلى كۆركەم ئىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما قويۇق دوستلۇق رىشتىنى ئېلىپ قوشماقلاشقان تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆيۈنۈشى، غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ھويلىسىدىكى بولۇق مېۋىلىگەن ئۈزۈم تېلى بارىڭى ئاستىدا، كۈلكە سادالىرى ئۈزۈلمىدى... كۆپچىلىك بىرلىكتە ئۆزگىرىش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، پارتىيەدىن مىننەتدار بولۇپ، قۇربان ھېيتنى كۈتۈۋالدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئىناق بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سائەت 10 دا، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى غەربىي شىمال يولى 1141 ـ نومۇرلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ھويلىسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كارىدورىدا، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىر يەرگە يىغىلىپ، پاراڭلىشىپ، مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى تېتىپ، ئىتتىپاقلىقنى سۆزلەپ، خۇشال ـ خۇرام ھالدا قۇربان ھېيتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋالدى.

«بىزنىڭ بۇ چوڭ قورۇدىكىلەر تولىمۇ ئىتتىپاق، بۇ يىللاردا مەيلى قايسى مىللەت بايرام ئۆتكۈزسۇن، كۆپچىلىك ئۆزئارا يوقلىشىمىز.» ئاھالە گۈلنۇر كېرەم بىر تەرەپتىن مۇخبىرغا سۆزلەپ بەرگەچ، بىر تەرەپتىن ئاھالە ياڭ سۇيىڭنىڭ بىلىكىدىن قولتۇقلاپ تۇرۇپ، سۈرەتكە چۈشۈشكە باشلىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ داخې بازىرى ئاھالىسى دالېل (ئوڭدىن 1 ـ كىشى) قوشنىسى جۇ ۋېنجۈن (سولدىن 1 ـ كىشى) بىلەن بىللە ساڭزا سېلىپ، قۇربان ھېيتنى كۈتۈۋالدى. □ جاڭ جيەنگاڭ فوتوسى


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP